شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىيات ۋە ئىنسان

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىيات ۋە ئىنسان

( ماقالە ۋە ئوبزورلار )

藏书专用章

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

文学与人：维吾尔文/安尼瓦尔·阿不都热依木著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.1
(新疆民族文学原创和民汉互译作品工程)
ISBN 978—7—5515—3124—5

Ⅰ.①文… Ⅱ.①安… Ⅲ.①中国文学—当代文学—文学
评论—文集—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I206.7-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2013）第 008993 号

责任编辑：**艾尼瓦尔·艾山**
责任校对：**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计：**王 洋**
**木拉丁·阿比提**

**文学与人**（维吾尔文）

---

作者 安尼瓦尔·阿不都热依木
出版 新疆青少年出版社
地址 乌鲁木齐市北京北路 29 号
邮编 830012
发行 新疆新华书店
印刷 新疆新华印刷厂
开本 880*mm*×1230*mm* 1/32
印张 19.75
字数 341 千字
版次 2013 年 1 月第 1 版
印次 2013 年 1 月第 1 次印刷
印数 1—12270
定价 51.00 元

---

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۇزۇرلۇقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە

تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش»تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.c

مەدەنىيىتىنى زور كۆچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۇرۇلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قايىنام تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، بالىلار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن

كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۈرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈلەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھوزۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ

سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئامىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۇزۇكسىز قاندۇرىمىز. دەۋرنى كۈيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئامىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچىلەر: ۋاڭ ياڭ
مۇرادىل ئابىد

# ئەدەبىيات ۋە ئىنسان

---

ئاپتورى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم
نەشرىيات: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830012
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 م م، 1/32
باسما تاۋىقى: 19.75
خەت سانى: 341 مىڭ
نەشرى: 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 12270
باھاسى: 51.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئەدەبىياتتىكى ئىنسان ۋە مېنىڭ تەنقىد قارىشىم ..... 1
ھېكايىچىلىقىمىز توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم .......... 45
ئەدەبىيات ۋە خىرىس .................. 62
ئەدەبىياتنىڭ ئالىمى چەكسىز ............... 71
رومان ئۆستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ............ 83
ئېسىل ناخشىلار نېمىشقا ئۆلمەيدۇ ............. 94
ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاشمۇ ئۇلۇغلۇق .............. 119
«مۇھەببەتكە تولغان ماكان» ۋە ئىجادكارلىق روھى ..... 127
مېنى خەلقىم قۇچىقىدىن ئايرىما ................ 147
زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدىكى روشەن خاسلىق ..... 216
ئىجادىيەت مۇساپىسى ۋە ئىجادكارنىڭ تاللىشى .... 235
تىل، ھېكايە، خاراكتېر ................ 245
ھەر كۈنى ھېيت بولۇۋەرمەيدۇ ............... 267
يازغۇچىنىڭ قەلب خەزىنىسىدىن ................ 283
تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر سىر ................ 315
يول بارغانسېرى ئېچىلىدۇ ................. 332

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەربىيەۋى رولىنى ئىنكار قى-
لىشقا بولمايدۇ ........................ 357
ناخشىدىكى تەبىئەت ............................ 363
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقىنىڭ نەمۇنىسى ... 374
ناخشا تېكىستلىرىدىكى بۇزۇلۇش ................ 393
سەنئەت ئوبزورچىلىقى ھەققىدە ............... 418
ئەدەبىياتتىكى ئېغىش ھادىسىسى ................ 423
تالانت ۋە تەربىيەلىنىش ........................ 429
سەنئەتچىلەرنىڭ ئەخلاق ساپاسى ............... 441
ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنبەت زېمىنى ــ «گۈلدەستە»... 457
كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە ئوبزورچىلىق ...... 471
كەسىپ ۋە بۇرچ ............................ 483
ئىجادكار ۋە قەدىر ـ قىممەت .................. 490
ئەدەبىي تەنقىدنىڭ «تىغ»ى توغرىسىدا ............ 495
شائىر ــ شېئىرىيەتنىڭ ئاشىقى ................ 510
شېئىرنىڭ تەبىرى ............................ 555
ئەركىن روزى ۋە ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى ....... 588
سەنئەتتىكى پاخاللىشىش ........................ 596



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# ئەدەبىياتتىكى ئىنسان ۋە مېنىڭ تەنقىد قارىشىم

ئىنسان ئوبرازى — ئەدەبىياتنىڭ يادروسى، ئۇلى، مەۋجۇتلۇق ئاساسى. بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئاساسلىقى، ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئىنسان ئوبرازى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. شۇڭا تالانتلىق ئەدىبلەر ئىنسان ئوبرازىنى ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارىغان. داڭلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۆز تەتقىقاتىدا ئەدەبىياتتىكى بۇ مەركىزىي مەسىلىدىن چەتنەپ كېتەلمىگەن. لېكىن، ئىنساننى قانداق سۈرەتلەش مەسىلىسىدە ئىجادىيەتچىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ، تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ، نەزەرىيەچىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. مېنىڭچە، بۇ خىل ئوخشاشماسلىقلار ئۇزاق زامانلارغىچە داۋاملىشىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىياتتىكى ئىنسان ئوبرازىنىڭ كېلىش مەنبەسى، تۈپرىقى، خېمىرتۇرۇچى، مەۋجۇتلۇق ئاساسى، ئۆلگىسى رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەر. بۇ ئادەملەرنىڭ

تەبىئىتى، روھىي دۇنياسى مۇرەككەپ، سىرلىق، ئۆزگىرىشچان ئانا تەبىئەتنىڭ ئۆزگىنىلا ئوخشايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدىكى سىرلارنى بايقاش ھەم ئېچىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت ھازىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ جاپالىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. بۇ ھال رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەرنى ئاساس ھەم ئۈلگە قىلىدىغان ئەدەبىياتقا تۇرمۇش چىنلىقىنى، بولۇپمۇ قېلىپسىز، چىگىچ، سىرلىق، كۆپ قاتلاملىق ئىنسان تەبىئىتىنى بۇرمىلىماسلىقتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلىگەن. قەلەمكەشلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قوش ئېھتىماللىقنى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى مۇرەككەپلىكنى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەتلەرنى، كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش، بايقاش، ئىگىلەش ھەم ئۇلارنى ئوبرازلىق ھالدا يورۇتۇپ بېرىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، چىنلىق پۇرىقى، بەدىئىي جەلپكارلىقى، ئېستېتىك قىممىتى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىمۇ، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىنسان تەبىئىتىنى

بۇرمىلىماستىن، چىنلىق بىلەن، راستچىللىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار ۋە بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق بىلەن يول ئېچىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئۇتۇق قازانغانلار خېلى بار. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، خالىدە ئىسرائىل، ئەخەت تۇردى، ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇراخمان قاھار، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەد باغراش، سەمەت دۇگايلى، زۇنۇن تاھىر، توختى ئايۇپ، نۇرمۇھەممەت توختى، پەرھات جىلان، ياسىنجان سادىق، رىزۋانگۈل يۇسۇپ، ئەسئەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق قەلەمكەشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم نادىر ئەسەرلىرىدە كۆپ قاتلاملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، باي، مۇرەككەپ ھەم سىرلىق ئىنسان تەبىئىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاتمال ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە بۇزدى. زوردۇن سابىر، خالىدە ئىسرائىل، ئەختەم ئۆمەر، ئەخەت تۇردى قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز ياراتقان گۈلئايشەم، ھەۋزىخان، جامال، باتۇق قاتارلىق ئۆلمەس بەدىئىي ئوبرازلار ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چەكلەنگەن رايونلىرىغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرىشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ قىممەتلىك بەدىئىي مىراسى ھېسابلىنىدىغان گۈلئايشەم ئوبرازىنى

ئىنسان تەبىئىتىنى چوڭقۇر قىزىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىدە سۈرەتلەنگەن گۈلئايشەم پاقلاندەك شوخ، بوۋاقتەك غەمسىز، سۈزۈك كورلا نەشپۈتىدەك چۈرۈك مەزگىلىدە ــ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە گۈزەل ۋە قىزىقارلىق بىلىنىدىغان دەۋرىدە، يەنى 16 ياشقا تولغان چېغىدا بىردىنلا مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ سىرلىق، تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، ھەتتا ھاياتنىمۇ قىممەتلىك ھېسسىياتنىڭ قولىغا ھەم ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن خۇدىنى يوقاتقان بۇ قىز ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان، تەھدىت سالغان ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئىستىقبال، بەخت ۋەدە قىلغان مەكتىپىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تىراكتورچى يىگىت ئەزىمەتكە ئەگىشىپ قاچىدۇ. يىگىتنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدۇر چاچلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن گۈزەل، قىممەتلىك، بىلىمسىز يىگىتنىڭ قوپال چاقچاق، بىھايا ناخشىلىرى ئۇنىڭغا مەكتەپ قوغۇنىدەك لەززەتلىك بىلىنىدۇ. ئۇ تويدىن كېيىن بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان ـ كۆرپە بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بەخت ئىگىسى، غالىب، ئۇستۇن ھېسابلايدۇ. چىرايلىق ئەر ئۇنىڭ ھاياتى، ئائىلە ئۇنىڭ بەختى بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئەر ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە، ئائىلە ئۈچۈن ھەممىنى

قىلىشقا رازى بولىدۇ. تويغا مىلىنىپ ئېتىزدا ئىشلەيدۇ، قىغ ـ كۆكۈمغا سۈركىلىپ قوي بورداپدۇ. ئېرىنىڭ مېھمانلىرى ئۈچۈن ئوتتا كاۋاپ، ھالى خاراب بولسىمۇ، زارلانماستىن خۇش بولىدۇ. ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، يولسىزلىقى، زەھەرلىك تىل ـ ھاقارىتى، دەھشەتلىك تاياق ـ توقمىقى، چىدىغۇسىز خورلۇقلىرىمۇ ئۇنىڭ ھېسسىيات ئوتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمايدۇ. ئۇ ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدۇر چاچلىرىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. ئۇ توينىڭ تۇنجى ئاخشىمىدىلا چىرايلىق ياش ئايالىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىچقاق قوزا ئۈچۈن پۈتۈن بالىلىقىنى بىلەن چۆلگە چىقىپ كەتكەن روزەك باينىڭ كۆزلىكىدىن تاپقان راھەت ـ پاراغىتىدىن ئەزىمەتنىڭ تاياق ـ دۇمباسى مىڭ ھەسسە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئازاپ ئىلكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە قەدىرلەۋاتقان روزەك بايدىن قاتتىق يىرگىنىپ، ئۆزىنى خالىمىغانچە دەپسەندە قىلغان ئەزىمەتنى دائىم سېغىنىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بولىدۇ.

يازغۇچى ئازراقمۇ سۈنئىيلىك ياكى ياسالمىلىق ئارىلاشمىغان بۇ ئىنچىكە ھەم جانلىق تەسۋىرلەر ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنسان تەبىئىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن. گۈلئايشەمنىڭ زىددىيەت بىلەن تولغان روھىي

دۇنياسى؛ چىگىچ، تۇتۇق، تېگىگە يەتكىلىمۇ، ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلىمۇ بولمايدىغان ئازابلىق خىياللىرى ھەم چىدىغۇسىز تەشنالىقى بىزگە ھېسسىياتنىڭ ئاڭلىقلىق بىلەن ئاڭسىزلىق، روشەنلىك بىلەن گۇڭگىلىق، چەكلىكلىك بىلەن چەكسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىنسانلار بەزىدە نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈكسەك غايىسىدىن، مۇقەددەس ئېتىقادىدىن، كۈچلۈك ئەقىدىسىدىن، ھەتتا قىممەتلىك ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ، ئورتاق ئەخلاقىي مىزانلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇزۇپ تاشلاپ، غەلىتە، كۈتۈلمىگەن، قورقۇنچلۇق، پاجىئەلىك ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ؟ تۇرمۇشىمىزدا ھەر دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇنداق تاسادىپىيلىقلار، ئۆزگىرىشلەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ، جۈملىدىن ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق قېلىپقا چۈشمەيدىغانلىقىنى ۋە قاتمال نەزەرىيەلەرنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەمدىلا 30 ياشتىن ھالقىغان، گۈزەل، شوخ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىران جۇۋان گۈلئايشەمنىڭ كېچىسى روزەك باينىڭ خۇمار كۆز، قوشۇما قاش، مىسكىن كۆيلەرگە نەي چالىدىغان قويچىسىنىڭ يېنىغا



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.c